## 215135 ـ رەبئۇل ئەۋۋەل ئېيىنى تەبرىكلەش توغرىسىدىكى ھەدىسنىڭ ئەسلى يوق

### سۇئال

بەزى كىشىلەر رەبئۇل ئەۋۋەل ئېيى كىرگەندە: كىمكى بۇ پەزىلەتلىك ئاي كىرگەندە كىشىلەرنى تەبرىكلىسە، ئۇنىڭغا دوزاخ ھارام قىلىنىدۇ، دېگەن سۆزنى ھەدىس دەپ بىر-بىرىگە يەتكۈزىدۇ، بۇ سەھىھ ھەدىسمۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

### تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

يۇقىرىدا تىلغا ئېلىنغان سۆزنىڭ ھەدىس ئىكەنلىكىنى بىلمەيمىز، بۇ سۆزنىڭ كۆرىنىشىدىنمۇ توقۇلما ئىكەنلىكى ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ. بۇنداق توقۇلما-يالغان سۆزلەرنى پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا نىسبەت بېرىش توغرا بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھسسالامغا يالغاننى نىسبەت بېرىش بولسا چەكلەنگەن چوڭ گۇناھلاردىن ھېسابلىنىدۇ. بۇ توغرىدا پەيغەمبەرئەلەيھسسالام مۇنداق دېگەن: كىمكى ماڭا نىسبەت بېرىلگەن يالغاننى بىلىپ تۇرۇپ باشقىلارغا ھەدىس دەپ سۆزلەپ بەرسە ئۇ ئىككى يالغانچىنىڭ بىرى ھېسابلىنىدۇ. [ئىمام مۇسلىم بۇ ھەدىسنى سەھىھ مۇسلىمنىڭ مۇقەددىمىسىدە كەلتۈرگەن.(1/7)].

ئىمام نەۋەۋي رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "بۇ ھەدىستە يالغانچىلىقتىن قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇلغان ۋە ئۇنىڭدىن يىراق بولۇشقا بۇيرۇلغان، رىۋايەت قىلىنغان سۆزنىڭ يالغان ئىكەنلىكىگە ئىشەنچ قىلىپ تۇرۇپ، ئۇنى باشقىلارغا نەقىل قىلغان كىشى ئەلۋەتتە يالغانچى ھېسابلىنىدۇ، چۈنكى ئۇ بىلىپ تۇرۇپ ھەدىس بولمىغان بىر سۆزنى باشقىلارغا ھەدىس دەپ رىۋايەت قىلغان تۇرسا، قانداقمۇ كاززاب بولمىسۇن؟!." [شەرھى سەھىھ مۇسلىم1-توم 65-بەت].

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان رەبئۇل ئەۋۋەل ئېيىنىڭ كىرىشى مۇناسىۋىتى بىلەن بىر ئادەمنى تەبرىكلەپ قويىسا، ئۇ ئادەمگە دوزاخنىڭ ھارام بولىدىغانلىقى بۇ قارىسىغا سۆزلىگەنلىك بولۇپ، بۇ سۆزنىڭ ھەدىس بولماستىن بەلكى توقۇلما-يالغان ئىكەنلىكى ئوچۇق ئىپادىلىنىدۇ.

ئىبنى قەييىم رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "توقۇلما ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنى ئوچۇق ئەمەس، ئىپادىلىگەن سۆزلىرى روشەن ئەمەس. ئۆزى چاغلاپ سۆزلىگەن بولغانلىقتىن بۇنىڭ پەيغەمبەرئەلەيھسسالامغا نىسبەتەن توقۇلما-يالغان ئىكەنلىكى ھەدىسنىڭ سىرتىدىنلا بىلىنىدۇ. ["مەنارۇل مۇنىيپ" 50-بەت].

ئاللاھ تائالا ھەممىدىن ياخشى بىلگۈچىدۇر.